# 4040 ـ قۇرئاننى مەنىسىنى بىلمەستىن ئوقۇسىمۇ ساۋاب بولامدۇ؟

### سوئال

سوئال: قۇرئان ئوقۇشقا داۋام قىلىۋاتىمەن. بىراق مەن ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ مىنىڭ ئوقۇغىنىم ئۈچۈن ئاللاھ ساۋاب بېرەمدۇ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

جاۋاب:

قۇرئان كەرىم مۇبارەك كىتابتۇر. بۇ قۇرئان شۇنداق بىر كىتابكى، بىز ئۇنى ساڭا ئايەتلىرىنى چۈشىنىشلىرى ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلىپ چۈشۈردۇق. ئىنسان قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن ئۇنى ئوقۇغانغا چوقۇم ساۋاب تاپىدۇ. لېكىن مۆمىن ئادەم ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە تىرىشىشى لازىم. مەسىلەن: بىراق تىبابەت ئىلمىنى ئۆگەنمەكچى بولۇپ، تىبابەت كىتابلىرىنى ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ مەنىسى چۈشەنمىسە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايدۇ. بەلكى مۇنداق كىشى ئۇنى تەتبىق قىلىش ئۈچۈن ئوقۇغانلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە قاتتىق تىرىشىدۇ. ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمگە نىمە دەيسىز؟! دىللارغا شىپا ۋە ئىنسانلارغا ۋەز ـ نەسىھەت بولغان بۇ ئۇلۇغ كىتابنى مەنىسىنى چۈشەنمەستىن ئوقۇشقا بولامدۇ؟! شۇڭا ساھابىلار 10 ئايەت ئۆگىنىپ ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىپ ئەمەلگە ئاتلاندۇرۇپ بولۇپ ئاندىن يەنە 10 ئايەت ئۆگىنەتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنسۇن ياكى چۈشەنمىسۇن ئۇنى ئوقۇغان كىشى ساۋاب تاپىدۇ.

لېكىن بۇنىڭ بىلەن قۇرئان ئوقۇشتىن بولغان ئاساسلىق مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە تىرىشىش لازىم.

قۇرئاننىڭ مەنىسىنى ئىشەنچلىك، ئىلمىگە، راستچىللىقىغا ۋە تەقۋالىقىغا ئىشەنگىلى بولىدىغان ئۆلىمالاردىن ئۆگىنىش لازىم.

ئۆلىمالار تولۇق بولمىغاندا ئىشەنچلىك تەپسىرلەردىن ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى كەسىرنىڭ تەپسىرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش لازىم.